ئىستىقلال ئاۋازى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى
ئومۇمىي 27 ـ سان
ئۆكتەبىر 2022

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر

# ئىشغالىيەتنىڭ 73-يىلىدا خىتاينىڭ جىنايىتى چېكىگە يەتتى





DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV




# دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 73 يىللىق ئىشغالىيەتكە قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

1-ئۆكتەبىر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 73 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل، ئەنقەرە شەھەرلىرىدە، شىۋېتسىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىگە ۋە نۆۋەتتە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشىنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر نامايىشقا مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان خەلقى، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنداقلا تۈركىيەدىكى بىر قىسىم پارتىيە ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. نامايىشچىلار شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا «خىتاي، جازا لاگېرلارنى تاقا»، «خىتاي، شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەت»، «خىتاي، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختات» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاشتى.

نامايىش ئالدى بىلەن تۈركىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت مارشىنى ئوقۇش بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان تۈركچە بايانات ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ باياناتىدا ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنىڭ 73 يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرخىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ كەلگەنلىكىنى، مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جازا لاگېرىغا قاماپ، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي كىملىكىنى يوقىتىش، خىتايلاشتۇرۇشتەك تۈرلۈك جىنايەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، بۇ ھەرىكەت شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ توختاپ قالمىغانلىقىنىڭ بىر نامايەندىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

ھىدايەتۇللاھ ئەپەندى يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ يېقىندا يەنە ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى نەزەربەند قىلىپ، ئاچ قويۇپ قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەندىن سىرت، ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قانچە ئاي

ئىلگىرى بىر ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قىلمىشىنى ئەيىبلىدى. ئاخىرىدا ب د ت قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى تەرەپتە تۇرۇپ، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا، مەخسۇس شەرقىي تۈركىستان گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، خىتاينىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە چاقىردى.

يىغىلىشتا شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي ئىنگلىزچە بايانات ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى توختىتىشقا چاقىردى.

يىغىلىشتا يەنە ئۇيغۇر ياشلىرىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلغان ئائىشە ئوغۇز تۈرك ياشلىرىغا خىتاب قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك جىنايەتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى ۋە شۇنداقلا تۈرك ياشلىرىنى، ئىسلام دۇنياسىنى خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرىگە قاراپ تۇرماسلىققا چاقىردى.

نامايىشتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى تۈركىيە خەلقىگە تېخىمۇ كۈچلۈك تەرىقىدە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، موتوسىكلىت ۋە ماشىنىلىق يۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. موتوسىكلىت ۋە ماشىنىلىرىغا شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى چاپلاپ ماڭغان نامايىشچىلار ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي رايونىدىن يولغا چىقىپ، خىتاي ئەلچىخانىسىغا بارغانغا قەدەر شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرۈش قىلغان ھالدا، خىتايغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى نامايان قىلدى. خىتايغا قارشى بايانات ئېلان قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، موتوسىكلىتلىق نامايىشچىلار يەنە نامايىش مەيدانىدىن سىگنال بېرىپ ئۆتكىنىچە، خىتاي كونسۇلخانىسى ئەتراپىدىكى يولنى ئايلاندى.

ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۇستاز ئابدۇسالام ئالىم سۆز قىلىپ، خەلقنى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى ھەمدە ھەققىي ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئازادلىق، نۇسرەت، خىتايغا ھالاكەت تىلەپ ئۈچچە دۇئا قىلدى.

نامايىشتا يەنە ب د ت دا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ مۇزاكىرە قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە ئىمزا قويۇش پائالىيىتى تەشكىللەنگەن بولۇپ، نامايىشقا ئىشتىراك قىلغۇچىلار كۆپلەپ ئىمزا قويىدى.

ئۇندىن باشقا ئەنقەرەدىكى ھاجى بايرام ۋەلى جامە قورۇسىدا 73 يىلدىن بېرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى بايانات ئېلان قىلىندى.

ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادېلەيد شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خىتايغا قارشى پىيادە يۈرۈش نامايىشى ئۆتكۈزدى ھەمدە پارلامېنت بىناسى ئالدىدا بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ئىشغالىيىتىگە ۋە 73 يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىنىۋاتقان تېررور سىياسىتى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە غەزەپ-نەپرىتىنى بىلدۈردى.

شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ خىتاينىڭ 73 يىللىق ئىشغالىيىتىگە، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىشتا شۋېتسىيەدە يېڭى سايلامدىن كېيىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغان دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە يېڭى پارلامېنت ئەزالىرىغا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى تونۇشتۇرۇلدى.

گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار ئىتتىپاقىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، دەنھاگ شەھىرىدىكى بىر نەچچە مۇھىم كوچىدا يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق، خىتايغا غەزەپ-نەپرىتىنى بىلدۈردى.

ياپونىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ ئىشغالىيەتنىڭ 73 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى يۈرۈش قىلدى ۋە بايانات ئېلان قىلدى.




14-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 5-نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى 2-ئۆكتەبىر ئىستانبۇلدا باشلىنىپ، 4-ئۆكتەبىر غەلىبىلىك ئاياغلاشتى.

شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى تەرىپىدىن ھەر يىلى مۇنتىزىم ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاكتىپ پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئۆلىمالار، ئاكادېمىكلار، زىيالىلار ۋە جامائەت ئەربابلىرى ۋە قاتنىشىشى بىلەن يىلدىن يىلغا يۇقىرى سەۋىيەدە داۋام قىلماقتا.

بۇ يىللىق قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە مىللىي بىرلىك شۇراسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللامنىڭ قۇرئان كەرىم تىلاۋىتىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق شېھىتلەرنىڭ روھىغا فاتىھە ئوقۇش ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىستىقلال مارشى بىلەن باشلاندى.

ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئېچىلىش نۇتقى سۆزلەپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن بارلىق ۋەكىللەر ۋە مېھمانلارغا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ نۆۋەتتە قايسى باسقۇچقا كەلگەنلىكى، دەۋا يولىدا بېسىپ ئۆتكەن باسقۇچلار، قىيىنچىلىقلار، ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر قاتارلىق تېمىلاردا تەپسىلىي توختالدى ۋە بۇ ھەركەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تولۇق قولغا ئېلىش ئۈچۈن توختاۋسىز ھەركەت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ھىدايەتۇللاھ ئەپەندىنىڭ سۆزىدىن كېيىن دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسىنىڭ 14 يىللىق مۇساپىسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن قىسقا فىلىم مېھمانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ھارماس قوللىغۇچىسى، ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ 23-نۆۋەتلىك پارلامېنت ئەزاسى،

پىروفېسسور دوكتور جەلال ئەرباي سۆز قىلدى ۋە يۇقىرىدىكى فىلىمدىن ئالغان تەسىراتىنى سۆزلەپ ئۆتۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى چوقۇم قايتۇرۇپ ئېلىشقا ۋەدە بەرگىنىچە سۆزىنى باشلاپ، دەۋانىڭ قەيەردىن قەيەرگە كەلگەنلىكىنى، تۈركىيەنىڭ ھەر ۋاقىت شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئارقىسىدا ئىكەنلىكىنى، ھەرگىز ئۈمىدسىزلىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شەھيار بۇ دەۋانىڭ قۇرغۇچىسى ۋە يولباشچىسى بولغان مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمغا رەھمەت تىلەش بىلەن سۆزىنى باشلاپ، رەھبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە مۇھاجىرەتتىكىلەرنىڭ كۈتۈۋاتقان ئۈمىدلىرى، بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ نۆۋەتتە مۇشۇ رەھبەرلەرنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكى قاتارلىق مەزمۇنلاردا توختالدى.

ئارقىدىن ئافغانىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى مۇھەممەت ئاقبەي سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ پەقەتلا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئافغانىستان تۈركلىرىنىڭ، ئۆزبېكلەرنىڭ، قازاقلارنىڭ، قىسقىسى پۈتۈن تۈرك قەۋملىرىنىڭ ئورتاق مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ چوقۇم مۇستەقىل بولىدىغانلىقىنى، بۇ يىغىلىشقا قاتنىشىپ، بۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىنىڭ تېخىمۇ ئاشقانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى رەئىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم سۆز قىلدى ۋە ئالدى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسانىڭ سالىمىنى يوللىغاندىن كېيىن، نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ قايسى باسقۇچقا كەلگەنلىكى، قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم خىزمەتلەر، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەزىيەت يارىتىش ۋە باشقۇرۇش دەۋرىگە كەلگەنلىكى ۋە بۇنى قىلالايدىغانلىقى، بۇنداق بىر دەۋردە ھەمكارلىقنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەكلىكى قاتارلىق تېمىلاردا توختالدى.

ئارقىدىن شىۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسى مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان تۇرسۇن سۆز قىلدى ۋە ئالدى بىلەن شىۋېتسىيەدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سالىمىنى يوللاش بىلەن بىرگە، مائارىپ ھەركىتى بىلەن بىرلىكتە باسقان قەدەمنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار ئىتتىپاقى رەئىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇلئەزىز سۆز قىلدى ۋە ياۋروپا مائارىپ جەمئىيىتى رەئىسى ۋە گوللاندىيەدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سالىمىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، يىللاردىن بېرى ھەمكارلىق ئىچىدە بىسىپ ئۆتكەن مۇساپىلەر، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ھەققىدە توختالدى.

ئارقىدىن تۈركىيەدىكى ئاخبارات ساھەسىدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈۋاتقان ژۇرنالىست، يازغۇچى خالىس ئۆزدەمىر ئەپەندى سۆز قىلدى ۋە تېخى يېقىندىلا قازاقىستان زىيارىتىدە بىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئائىلە بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەر بىلەن ئايرىلغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەھشىي سىياسىتىنىڭ ئۇنىڭ ۋەيران بولۇش ئىشارىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە شۇنداقلا ئۆزىنىڭ نۆۋەتتە ئاللاھتىن «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى كۆرمەي تۇرۇپ جېنىمنى ئالما» دەپ تىلەۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

كېيىن فىنلاندىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى رەئىسى دوكتور مۇھەممەد ئەلى، ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى رەئىسى سالاھىدىن تۇرسۇن، پاكىستان ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەقفى

رەئىسى ئۆمەرخان ئۇيغۇر قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلىپ، ئۆز دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سالىمىنى يوللاش بىلەن بىرگە، قىلىنىۋاتقان خىزمەتلەر ھەققىدە قىسقىچە دوكلات بەردى.

ئارقىدىن سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مۇھاجىرلارغا ۋاكالىتەن دوكتور ئابدۇللاھ ئالىم سۆز قىلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا 1940-يىللاردىن باشلاپ ھىجرەت قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن كېلىشىچە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دەۋا سېپىدىكىلەرنىڭ خىزمەتلىرىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ۋە ھەردائىم ياردەمگە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

كېيىن قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن مىر نەشرىياتى رەئىسى ئەلشىر خەلىلوف سۆز قىلدى ۋە قازاقىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ





سالىمنى يوللىدى ۋە نۆۋەتتە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى، پائالىيەتلىرى، خىزمەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەردى.

ئارقىدىن قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن پىشقەدەم پائالىيەتچى روزمۇھەممەد ھاجىم سۆز قىلىپ، قىرغىزىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سالىمىنى يوللاش بىلەن بىرگە، بۇ يىغىندا ھېس قىلغانلىرىنى سۆزلىدى ۋە نۆۋەتتىكى قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن تۈركىيەدىن باشلاپ ياۋروپاغىچە بولغان ئەركىن دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرغان ئاساستا، ئەركىن دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تېخىمۇ ئاكتىپ بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي كۈرىشىنى ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدا قانات يايدۇرۇشنىڭ ئۇسۇل-چارىلىرى ھەققىدە توختالدى ۋە ئەرەب دۇنياسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بولغان پوزىتسىيەنى خەلق ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ پوزىتسىيەسى دەپ ئىككىگە ئايرىش كېرەكلىكىنى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

كېيىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ئەرەب-ئىسلام دۇنياسى ۋەكىلى مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇرىي سۆز قىلىپ، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ئەرەب دۇنياسىغا تونۇتۇشتا قىلىنغان ۋە قىلىنىۋاتقان خىزمەتلەر، شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى باسقۇچتا قىلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم خىزمەتلەر ھەققىدە دوكلات سۇندى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى يىغىندا ئالدىن بىلەن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ماھىيىتى، ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەھشىي قىرغىنچىلىقى ئاستىدا بېرىلىۋاتقان قۇربانلىقلار، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قىلچىلىك باش ئەگمەستىن داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مۇجادىلىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان يىقىلغان بۇيان يۈز بەرگەن پاجىئەلەر قاتارلىق تېمىلاردا توختالدى.

شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي سۆز قىلىپ، چەت ئەلدە كۆچىيگەن دەۋانىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ۋەتەندە قۇربان بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، نۆۋەتتە چەت ئەلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى، دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى، تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى قاتارلىق تەشكىلاتلاردىن ئاكتىپ پايدىلىنىشىنىڭ يوللىرى ۋە ھازىرغا قەدەر خەلق دىپلوماتىيەسى ھەرىكىتىدە قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلەر ھەققىدە توختالدى.

ئارقىدىن دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەپەندى «ئۆزگىرىۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتتە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ۋە خىتاي» تېمىسىدا سۆز قىلىپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن قانداق پايدىلىنىش ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى.

شۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسى تاشقى مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى مەسئۇلى نىجات تۇرغۇن «غەرب دۆلەتلىرىدە قىلىشقا تېگىشلىك تەشكىلىي خىزمەتلەر» ھەققىدە تەپسىلىي توختالغاندىن كېيىن، ھەرقايسى تەشكىلاتلاردا سادىر بولۇۋاتقان ئۇقۇم ئىشلىتىشتىكى خاتالىقلارنىڭمۇ چوقۇم تۈزىتىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

يىغىننىڭ ئىككىنچى كۈندىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق يىغىنغا شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىن ئابدۇللاھ ئارمانىنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى باشلانغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن شەرقىي

تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى ئۇستاز ئابدۇسالام ئالىم سۆز قىلىپ: «ئىسلامىي نۇقتىئىنەزەردىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى» تېمىسىدا توختالدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ژۇرنالىست سىراجىدىن ئەزىزى سۆز قىلىپ: «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ قىزىل سىزىقلىرى ۋە ئۆزگەرمەس پىرىنسىپلىرى» تېمىسىدا توختالدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار سۆز قىلىپ: «مىللىي مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقنى قوغداشنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى ئەھمىيىتى» تېمىسىدا توختالدى.

ئارقىدىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېلەچىكى» تېمىسىدا توختالدى.

يازغۇچى، سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ پەنلىرى دوكتورانتى ئابدۇرېھىم دۆلەت سۆز قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ۋە ئەھدە روھى» تېمىسىدا توختالدى ۋە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەردى.

ئارقىدىن IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى مەسئۇللىرىدىن يۇسۇف بىلگىن سۆز قىلىپ، جەمئىيەت رەئىسى بۇلەنت يىلدىرىمنىڭ سالامىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، بۇ قېتىملىق يىغىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى ۋە ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

خەلق دىپلوماتىيەسى مۇتەخەسسىسى مۇستاپا تۇتقۇن سۆز قىلىپ، «خەلق دىپلوماتىيەسى ۋە خەلقئارادا ھوقۇق كۈرىشى» تېمىسىدا توختالدى.

ئارقىدىن دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئابدۇراھمان جامال كاشغەريي سۆز قىلىپ، «سىياسىي كۈرەش ئەھدىنامىسى» تېمىسىدا توختالدى.

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى ئادىلجان ئەرئۇيغۇر «تۇيغۇداشلىق ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋايىمىز» تېمىسىدا توختىلىپ، تەپسىلىي مىساللار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى يولىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىك نۇقتىلىرىنى يورۇتۇپ بەردى.

ئارقىدىن قەھرىمانماراش سۈتچى ئىمام ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا سۆز قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا مائارىپ ھەرىكىتى» تېمىسىدا توختىلىپ، تۈركىيەدە ۋە خەلقئارادا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ كۈچلىنىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇۋاتقان ۋە كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش باسقۇچى ۋە نىشانى، شۇنداقلا بۇنىڭ پەقەت بىر جەمئىيەت ئەمەس، بەلكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدىكى بارلىق خىزمەتلەرنى قىلىدىغان بىر ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

يىغىننىڭ ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىنكى بىرىنچى مەجلىستە ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆز ئۇيغۇر خانىم «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئاياللارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى» تېمىسىدا توختالدى ۋە ئاياللارنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ھەم بۈگۈنى، ھەم كېلەچىكى ئۈچۈن رولىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، قىلىشقا تېگىشلىك كونكرېت مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئارقىدىن ئادۋوكات مەھمۇد نەدىم سۇئىچمەز «ئىستىخبارات ھەرىكىتى ۋە بىخەتەرلىك قوغدىنىش مېتودلىرى» ھەققىدە توختالدى ۋە ئىستىخباراتنىڭ نېمىلىكى، ئىسلام مەنبەلىرىدىكى ئىستىخبارات ساھەسىگە ئالاقىدار مەزمۇنلار، خىتاي ئىستىخباراتىنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى ۋە قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى.

كېيىن ئابدۇللاھ سەرەنلى ئەپەندى «ئىجتىمائىي تەشكىلاتنىڭ كېلەچىكى» تېمىسىدا توختىلىپ، ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتتا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر، كەسپىيلىشىش، ئىستراتېگىيە تۈزۈش، پىلانلىق ھەرىكەت قىلىش قاتارلىق نۇقتىلارنى يورۇتۇپ بەردى.

ئارقىدىن دوكتور ئابدۇللاھ ئالىم «تەشكىلىي ئاپپاراتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىسلاھات يۈرگۈزۈش مېتودلىرى» دېگەن تېمىدا توختىلىپ، ھەرقايسى جەمئىيەتلەر ئۈچۈن مۇھىم مەلۇمات بەردى.

ئارقىدىن ت ر ت ئۇيغۇرچە بۆلۈمى خادىمى ژۇرنالىست مىركامىلجان قەشقەرىي «ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى دۇنيا كۆنتەرتېپىدە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم خىزمەتلەر» تېمىسىدا توختىلىپ، نۆۋەتتىكى پۇرسەتلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئارقىدىن ئالپەرەن ئوجاقلىرى رەئىسى كۈرشات مىجان ئەپەندى يىغىن ئەھلىگە سالام بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەر دائىمقىدەك شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەققانىي دەۋاسىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇر مويسىپىتلىرىدىن رەھمەتۇللاھ ئىنايەتۇللاھ ھاجىم تەبرىك سۆزى قىلىش بىلەن بىرگە، يىغىن ئەھلىگە بۇ ئۈچرىشىشقا مۇناسىۋەتلىك پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئارقىدىن يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ھەرخىل سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىلدى ۋە تۈرلۈك تېمىلاردىكى مۇنازىرىلەر بىلەن ئاياغلاشتى.

4-ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن 14-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۈچرىشىشى ۋە 5-نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسىنىڭ خۇلاسە دوكلاتى ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن، تۈركىيە پىرېزىدېنتى رەجەپ تاييىپ ئەردوغاننىڭ باش مەسلىھەتچىلىرىدىن ئەھمەد سەلىم كۆرئوغلى ۋە ئايخان ئوگان ئەپەندىلەر يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلدى ۋە پىرېزىدېنت ئەردوغان ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن تۈركىيەگە قەدەم تەشرىپ قىلغان مېھمانلارنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە تۈركىيەنىڭ ھەرۋاقىت شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قوللايدىغانلىقىنى، بۇ دەۋانىڭ پەقەتلا ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، تۈركىيەنىڭمۇ دەۋاسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

يىغىندا شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزى مەسئۇلى ئابدۇسەمى خوتەن تۈركىيەدىكى قايمۇققان ياشلارنى قۇتۇلدۇرۇش، تەربىيەلەش جەھەتتە قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىنى ۋە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى سۆزلەپ ئۆتتى. يىغىن باشقۇرغۇچىلىرى بۇ مەسىلىنىڭ جىددىيلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، نەق مەيداندىلا ياشلار مەركىزى ئۈچۈن ئىئانە توپلاشقا چاقىرىق قىلدى. يىغىن ئەھلىنىڭ تەشكىلات ياكى شەخس نامىدا پۇل ئىئانە قىلىشى بىلەن، قىسقىغىنا يېرىم سائەت ئىچىدە زور مىقداردا ئىقتىساد توپلاندى.

ئاخىرىدا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان يىغىننىڭ خۇلاسە دوكلاتىنى ئوقۇپ ئۆتتى ۋە يىغىنغا قاتناشقان، روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن جاپالىق خىزمەت قىلغان بارلىق تەشكىلات، شەخسلەرگە رەھمەت ئېيتىپ، ھەرقايسى خىزمەت گۇرۇپپىلىرىغا ھەدىيە تەقدىم قىلدى. ئاخىرىدا يىغىن نىياز داموللا ھاجىمنىڭ باشچىلىقىدىكى ئوپچە دۇئاسى بىلەن ئاخىرلاشتى.



# ئافغانىستان ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى

خىتاي تالىبانلار ئافغانىستان ئىسلام ئەمىرلىكىنى قۇرغان بىر يىلدىن بېرى دىپلوماتىك ئالاقىسىنى قاتتىق كۈچەيتكەن بولسىمۇ، ئەمما تالىبان ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى رەت قىلغان.

يېڭى ئاكىت گېزىتىنىڭ 27-سېنتەبىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي رىجىمى ئافغانىستان ئىسلام ئەمىرلىكىدىن تەلەپ قىلغان ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمىگەنلىكى سەۋەبلىك، خىتاي ئامېرىكا ئافغانىستاندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئافغانىستانغا ۋەدە قىلغان مەبلەغ سېلىشنى ۋاقىتىنچە توختاتقان. ئەمما ئافغانىستان ئىسلام ئەمىرلىكى خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھلانغان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا بەرمەسلىكتە چىڭ تۇرغان.

«مېپيا خەۋەرلىرى»نىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئافغانىستان سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھان كان كوزاي خىتايغا مۇناسىۋەتلىك قىلغان باياناتىدا: «نۇرغۇن خىتاي شىركەتلىرى كېلىپ، بىز بىلەن سۆزلەشتى، ئىزدەنگەندىن كېيىن يوقاپ كەتتى. بۇ كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈردى» دېگەن.

ھان كان كوزاي خىتاينىڭ سالماقچى بولغان مەبلەغنى ۋاقىتىنچە توختىتىشتىكى سەۋەبنى چۈشەندۈرۈپ كەسكىن ھالدا: «ئافغانىستان ئىسلام ئەمىرلىك ھۆكۈمىتى بۇ دۆلەتتە پاناھلانغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارشى خىتاينىڭ تەلىپى بويىچە ئىش قىلمىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ» دېگەن ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەن.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي ئىلگىرى رايوندا تۈزۈلگەن كېلىشىملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا يول قويمىغان. خىتاي ئافغانىستان ئىسلام ئەمىرلىكى بىلەن پەقەت مىس كان ئېچىش ئۈچۈنلا ئۈچ مىليارد دوللارلىق كېلىشىم تۈزگەن. بۇ خىلدىكى نۇرغۇن كېلىشىم تېخىچە ئىشقا ئاشمىغان بولۇپ، ئىجرا قىلىنىشنى كۈتۈۋاتقانلىقى تەكىتلەنگەن. خىتاي يېقىندا كېلىشىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئافغانىستان ئىسلام ئەمىرلىكىگە ئۇيغۇرلارغا قارشى ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلغان.

مەلۇم بولۇشىچە، 1996-يىلدىن 2001-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا خىتاي تالىبانلارغا يۇقىرىقىغا ئوخشاش نۇرغۇن شەرتلەرنى قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام ئەمىرلىك ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەلىپىنى قوبۇل قىلمىغان. خىتاينىڭ مەبلەغ سېلىش پىلانىمۇ ئىشقا ئاشمىغان.




خىتاينىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئاچ قويۇپ قىرغىن قىلىش جىنايىتى داۋاملىشىۋاتقىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، بىراق خىتاي رېجىمى ھەرخىل ئۇسۇللار قامالنى داۋاملاشتۇرماقتا. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق جاندىن تويغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە.

3-ئۆكتەبىر تارقالغان بىر سىندا بىر تۇرپانلىق ئۇيغۇر ئايال خىتاينىڭ نەزەربەند قىلىش، ئاچ قويۇش، دوختۇرخانىغا ئالماسلىق قىلمىشلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئېتىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ سىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

مەزكۇر سىندا ئۇيغۇر ئايال ئۆزىنىڭ بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان قامالدا جاندىن تويغانلىقىنى، بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئېتىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئايدىن بېرى ئۆيگە قامىلىپ ياتقانلىقىنى، ئۆزلىرى كۈنلۈك ئىشلەپ تۇرمۇشىنى قامدايدىغان ئائىلە بولغاچقا، ئىقتىسادتىن قىينالغانلىقىنى، ئەمما بۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئەمەلدارنى تاپقىلى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ يەنە 8-ئايدا ئۈچ كۈن ئاچ قالغانلىقىنى، ئالدىنقى ئايدىمۇ ئاچ قېلىپ، مەھەللە كومىتېتىنىڭ ئۈندىدار توپىدا «بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى سوراپ يېمەكلىك ئەكېلىپ بېرىدىغان بىرەرسى يوقمۇ؟» دەپ ئۈچۈر يازغانلىقىنى، ئەمما باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئۇنى توپتىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى، نەتىجىدە بەش كۈن ئاچ قالغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

ئۇيغۇر ئايال سىندا يەنە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ پۇقرالارنى مال-چارۋىلارغا ئوخشاش سولاپ قويغانلىقىنى، پۇقرالارنىڭ نۆۋەتتە جان تالىشىۋاتقانلىقىنى، بۇنداق قىينىغاندىن ئېلىپ چىقىپ ئېتىۋەتسە ياخشىراق بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

نۆۋەتتە خىتاي رېجىمى ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» نامىدا ئىجرا قىلىۋاتقان قامالنى تېخىچە ئەمەلدىن قالدۇرمىغان. 2-ئۆكتەبىر ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان غۇلجىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ئاشكارىلانغان بىر سىندا ئېيتىلىشىچە، گەرچە خىتاي مۇخبىرلارغا قامالنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، بىراق ھازىرغىچە قامالنى بوشاتمىغان.

# ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قارار لايىھەسى تەستىقتىن ئۆتمىدى



ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قارارنامىسى رەت قىلىندى.

6-ئۆكتەبىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كېڭىشى يىغىنىدا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بىرلىكتە ئىمزالىشى بىلەن سۇنۇلغان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە مۇزاكىرە قىلىنغان. مۇزاكىرە جەريانىدا كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە ئەزا 47 دۆلەت لايىھە ھەققىدە بېلەت تاشلىغان. نەتىجىدە 17 دۆلەتنىڭ قوشۇلۇشى، 19 دۆلەتنىڭ قارشى تۇرۇشى، 11 دۆلەتنىڭ بېلەت تاشلاشتىن ۋاز كېچىشى بىلەن تەكلىپ لايىھە رەت قىلىنغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر قارار لايىھە ماقۇللانغان بولسا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى 2023-يىلى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس مۇنازىرە يىغىنى ئېچىلىدىغان بولۇپ، ئەپسۇس بۇ قارار لايىھە رەت قىلىنغان.

بولىۋىيە، كامېرون، خىتاي، پىل چىشى قىرغىقى، كۇبا، ئېرىترىيە، گابون، ھىندونېزىيە، قازاقىستان، ماۋرىتانىيە، نامىبىيە، نېپال، پاكىستان، قاتار، سېنېگال، سۇدان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئۆزبېكىستان، ۋېنېزۇئېلا قاتارلىق 19 دۆلەت قارشى بېلەت تاشلىغان.

چېخ، فىنلاندىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ھوندۇراس، ياپونىيە، لىتۋانىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، مارشال تاقىم ئاراللىرى، مونتېنېگرو، گوللاندىيە، پاراگۋاي، پولشا، كورىيە، سومالى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق 17 دۆلەت قوللاپ بېلەت تاشلىغان. ئارگېنتىنا، ئەرمېنىيە، بېنىن، برازىلىيە، گامبىيە، ھىندىستان، لىۋىيە، مالاۋى، مالايشىيا، مېكسىكا، ئۇكرائىنا قاتارلىق دۆلەتلەر ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن.

تەھلىلچىلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، لايىھەگە قارشى بېلەت تاشلىغان دۆلەتلەر خىتاي ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ قارشى ئاۋاز بېرىش بېسىمىغا بويسۇنغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ قارار لايىھەسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

# كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى:
# خىتاينى قوللىغۇچىلار ئۇيغۇرلارغا خىيانەت قىلدى



خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلار 6-ئۆكتەبىر بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينى قوللاپ بېلەت تاشلىغان دۆلەتلەرنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ يادرولۇق بۇرچىغا خىيانەت قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەرىدە قەيت قىلىنىشىچە، بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلغان خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئاگنېس كالامارد: «بۈگۈنكى بېلەت تاشلاشتا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئەمەس، بەلكى جىنايەتچىلەر قوغدالدى» دېگەن. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ خىتاي ئىشلىرى ئەمەلدارى سوفىي رىچاردسون بېلەت تاشلاش نەتىجىسى ھەققىدە سۆز قىلىپ: «بېلەت تاشلاش نەتىجىسى مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئۇيغۇرلارغا خىيانەت قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن.

رىچاردسون خانىم يەنە: «بۇ قېتىمقى بېلەت تاشلاش نەتىجىسى تېخىمۇ كۆپ دۆلەتنىڭ خىتاينىڭ بېسىمىغا قارشى بەرداشلىق بېرىپ سۈكۈتتە تۇرۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، پرىنسىپال پوزىتسىيەدە چىڭ تۇرۇش ۋە خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە مەركەزلىشىش ئىرادىسىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دېگەن.

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى فىل لىنچ تىۋىتتېردا ئۇچۇر يوللاپ، ئۇكرائىنانىڭ ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى چاقىرغان ئىتتىپاقلىق ۋە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش قىممەت قارىشىغا خىيانەت قىلىنغان جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

لىنچ تىۋىتتېردا: «ئۇكرائىنانىڭ ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش قىلمىشى ب د ت تەلەپ قىلغان ئىتتىپاقلىق ۋە جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش قىممەت قارىشىغا خىيانەت قىلغانلىق بولدى. سومالى قوللاپ بېلەت تاشلاپ، سىستېمىلىق كەمسىتىشكە ھەقىقىي قارشى تۇرغان بىردىنبىر ئافرىقا دۆلىتى بولۇپ قالدى» دېگەن.




ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى خىتاي ئارمىيەسى بىلەن ئالاھىدە يېقىنلىقى سەۋەبلىك قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن خىتاي شىركەتلىرىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، داجياڭ شىركىتى، خىتاي قۇرۇلۇش گۇرۇھى، خۇادا گۇرۇھى قاتارلىق 13 شىركەت يېڭىدىن قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى 5-ئۆكتەبىر بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ئارمىيەسىگە يېقىن ئالاقىسى بولغان خىتاينىڭ بىر نەچچە شىركىتىنى ئىككىنچى قېتىملىق قارا تىزىملىككە كىرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. قارا تىزىملىك ئىچىدە خىتاينىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پۇقراۋى ئۇچقۇچىسىز ھاۋا ئاپپاراتى ئىشلەپچىقارغۇچى شىركىتى داجياڭ شىركىتى، ئۇل ئەسلىھە ئالۋاستىسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن خىتاي قۇرۇلۇش گۇرۇھى قاتارلىقلار بار ئىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇلتۇر 6-ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تۇنجى تۈركۈمدە خىتاينىڭ 47 شىركىتىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزگەن بولۇپ، بۇ شىركەتلەر خىتاي ئارمىيەسى بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋىتى بار ياكى خىتاينىڭ «ھەربىي ساھە بىلەن خەلقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» ئىستراتېگىيەسىگە ئاكتىپ قاتناشقان شىركەتلەر بولۇپ، بۇ قېتىم ئېلان قىلىنغان ئىككىنچى تۈركۈمدىكى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ قارا تىزىملىكى 13 شىركەتكە چېتىلىدىكەن.

باياناتتا: «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بۇ تىزىملىكنى داۋاملىق يېڭىلاپ، باشقا ئورۇنلارنى تىزىملىككە قوشىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دۆلەت مۇداپىئە ھوقۇق بېرىش قانۇنىنىڭ 1260H-ماددىسىدىن باشقا ھوقۇق بېرىلگەن ئورۇنلارغا قارشى قوشۇمچە ھەرىكەت قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە» دېيىلگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاينىڭ داجياڭ شىركىتىنىڭ باش ئىشتابى شېنجېندا بولۇپ، ئامېرىكا، گېرمانىيە، گوللاندىيە، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە ۋە شۇنداقلا بېيجىڭ، خوڭكوڭلاردا ئىش بېجىرىش ئورنى بار ئىكەن. 2020-يىلى 10-ئايغا قەدەر داجياڭ يېڭىلىق

يارىتىش شىركىتىنىڭ يەرشارىدىكى پۇقراۋى ۋە سودا خاراكتېرلىك ئۇچقۇچىسىز ھاۋا ئاپپاراتى بازىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 80% تىن ئېشىپ، دۇنيادىكى ئوخشاش تۈردىكى شىركەتلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. داجياڭ شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىمۇ سېتىۋالغان ۋە ئىشلەتكەن بولۇپ، 2020-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن.




ئۇيغۇرلارنى قوللاپ ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتىگە نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن ئۆزبېك پائالىيەتچى ۋالىجون ئاخىرورووۋىچ كالونوف قولغا ئېلىندى.

9-ئۆكتەبىر ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان بىر سىندىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلارنى قوللىغان ئۆزبېك كىشى ۋالىجون ئاخىرورووۋىچ كالونوف ئەپەندى ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. ۋالىجون ئەپەندى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئانتونىيو گۇتېرېسقا ئۇيغۇرلارنى قوللاپ مۇراجىئەتنامە يازغان.

ئۇ مۇراجىئەتنامىدە ئۆزىنىڭ بوۋىسى تۇراخۇن جۇرابوي ۋە ئايالى شودىيا زاكىرنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدە ياشايدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ ئۇلارنى سەۋەبسىز ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىقىنى، ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتىدىن ئۆزبېكىستاندىكى خىتاي ئىقتىسادىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توختىتىشنى، خىتايغا قارشى دىپلوماتىك تەدبىر قوللىنىپ، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايى قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلاشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، بۇ قانۇنلۇق ۋە ھەققانىي پائالىيەتلەر ۋە تەلەپلىرى سەۋەبلىك 2021-يىلى 15-سېنتەبىر ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى تۈرمىگە تاشلىغانلىقىنى ۋە «ئۆزبېكىستان پىرېزىدېنتىنى ھاقارەتلىدى» دېگەن باھانە بىلەن ئەيىبلەنگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ نۆۋەتتە روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا يۆتكەلگەنلىكىنى، ئۇ يەردە ھاياتىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى، ب د ت نىڭ بۇ ئىشقا قول تىقىپ ياردەم قىلىشىنى سورايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ۋالىجون ئاخىرورۋۆچ كالونوف 1969-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، تۆت پەرزەنتى بار ئىكەن. ئۇ 2019-يىلدىن باشلاپ خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشىگە قارشى ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، يازمىلىرى بىلوگ ئارقىلىق تارقالغان. ئۇنىڭ بوۋىسى تۇراخۇن جۇرابوۋي ۋە ئايالى شودىيا زاكىر شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدە ياشايدىغان بولۇپ، خىتاي ئۇلارنى سەۋەبسىز ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان.




خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ 20-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلىش ھارپىسىدا شى جىنپىڭغا قارشى پىلاكاتلار بېيجىڭ كوچىلىرىدا پەيدا بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسىگە كۈچلۈك زەربە بولدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي كومپارتىيەسى 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يەتتىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن بىر كۈن كېيىن، بېيجىڭ شەھەر مەركىزىدىكى بىر ئۆتۈشمە كۆۋرۈكتە چوڭ نامايىش پىلاكاتى پەيدا بولغان. پىلاكاتتا: «ئىش تاشلاپ، ئوقۇش تاشلاپ، دىكتاتور ۋەتەن ساتقۇچ شى جىنپىڭنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلايلى» دېگەن شوئار يېزىلغان بولۇپ، خەلقنى شى جىنپىڭغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان. بۇ ۋەقە 1989-يىلى 6-ئاينىڭ 4-كۈنى يۈز بەرگەن ۋەقەدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىم بېيجىڭ كوچىلىرىدا كومپارتىيە ھاكىمىيىتىگە بىۋاسىتە قارشىلىق قىلغان شوئارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىكەن. بىر قىسىم ئانالىزچىلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، كوچىلاردا پىلاكات ئېسىش ئارقىلىق قىلغان مەزكۇر نامايىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن. بۇ قارشىلىق خىتايدىكى جامائەت پىكرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، شى جىنپىڭغا ۋە خىتاي كومپارتىيەسى 20-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشماقچى بولغان خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى تەۋرىتىشى، ئۇلارغا تەسىر قىلىشى مۇمكىن ئىكەن.

13-ئۆكتەبىر ئەتىگەندە توردا كەڭ تارقالغان بىر قانچە سىندا كۆرسىتىلىشىچە، بېيجىڭ شەھىرى جۇڭگۇەنسۈندىكى بىر ئۆتۈشمە كۆۋرۈكتە قىزىل خەتلىك ئىككى پىلاكات پەيدا بولغان. پىلاكاتتا: «يادرو كىسلاتاسى تەكشۈرتمەي تاماق يەيلى! قامال قىلىنماي ئەركىن بولايلى! يالغان ئېيتماي قەدىر-قىممەت تەلەپ قىلايلى! مەدەنىيەت ئىنقىلابىي دەۋرىگە قايتماي ئىسلاھ قىلايلى! رەھبەرنى رەت قىلىپ بىلەت تاشلايلى! قۇل بولماي پۇقرا بولايلى!» دېگەن شوئار يېزىلغان.

يەنە بىر پىلاكاتقا: «ئىش تاشلاپ، ئوقۇش تاشلاپ،

دىكتاتور ۋەتەن ساتقۇچ شى جىنپىڭنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلايلى!» دەپ يېزىلغان.

ئۇندىن باشقا قارشىلىق ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۈچ سىن تارقالغان. بۇلارنىڭ ئىككىسى ئاۋازسىز سىن بولۇپ، ساقچىلارنىڭ پىلاكاتنى چۇشۇرۇپ، نەق مەيداننى جىددىي بىر تەرەپ قىلىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. مەيداندا قويۇق ئىس-تۈتەك پايدا بولغان بولۇپ، ئوت ئۆچۈرۈش خادىملار ئوتنى ئۆچۈرگەن. ئۈچىنچى سىن ئاۋازلىق بولۇپ، ئالدىراش يول ئېغىزىدا ساقچىلارنىڭ گۇدۇك ئاۋازى ياڭرىغان. نامايىشچى ياڭراتقۇ ئارقىلىق: «بىز تاماق يەيمىز! ئەركىنلىك ئۈچۈن بىلەت تاشلايمىز! ئىش ۋە دەرس تاشلاپ دىكتاتور شى جىنپىڭنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلايلى» دېگەن شوئارنى قايتا-قايتا توۋلىغان. يىراقتىن تارتىلغان ئىككى پارچە سۈرەتتە قالپاق كىيگەن بىر كىشىنىڭ ۋە ئۆتۈشمە كۆۋرۈككە پىلاكات ئاسقان كىشىنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

ئىگىلىنىشچە، نەق مەيداندا كۆيگەن ئوت ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋېلىش ۋەقەسى ئەمەس بولۇپ، نامايىشچى باشقا نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.



## داڭلىق ۋاسكېتبولچى جەيمىسنىڭ خىتايدىن
## مىليارد دوللار پارا ئالغانلىقى ئاشكارىلاندى

NBA نىڭ سابىق توپچىسى رويىس ۋايت داڭلىق ۋاسكېتبول ماھىرى لېبرون جېيمىسنىڭ خىتاينى قوللاش ئۈچۈن مىليارد دوللار نەپ ئالغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەردە قەيت قىلىنىشىچە، NBA نىڭ سابىق توپچىسى رويىس ۋايت لوس ئانژېلېس لاكېرس كوماندىسىنىڭ چولپىنىنىڭ خىتاينى ئاشكارا قوللاش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشكەنلىكىنى ئەيىبلىگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى لېبرون جېيمىسنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا لاگېر تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى لاگېرغا قاماش جىنايىتى ھەققىدە ئۈن چىقارماسلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

نايىك شىركىتى لېبرون جېيمىسقا بىر مىليارد دوللارغا يېقىن پۇل بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە ئېغىز ئاچماسلىقىقا كۆندۈرگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي نايىك يەنە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان. رويىس ۋايت نايىك شىركىتىدىن ھەمكارلىق ئۈچۈن لېبرون جېيمىسقا كەلگەن پۇل مەسىلىسىنى ئاشكارىلىغان بولسىمۇ، بىراق ئېنىق پاكىت بىلەن تەمىنلىمىگەن.



# لاگېر شاھىتى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇشنى پىلانلىدى

شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرىدىن قۇتۇلۇپ چىققان لاگېر شاھىتى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان پاختىسىنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش مەسىلىسىنى يېتەرلىك بىر تەرەپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇشنى پىلانلىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 15-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، نۆۋەتتە ئەنگلىيەدە ياشاۋاتقان 49 ياشلىق قازاق ئەر ئەرباكىت ئوتارباي خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلغان جازا لاگېرلىرىغا قامىلىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان. ئوتارباي ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدىن شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەيدىغان ھېچقانداق قانۇن چىقارمىغانلىقى ئۈچۈن ئەرز قىلىشنى پىلانلىغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئوتارباي ئالدىنقى ھەپتە ئەنگلىيە خەلقئارا سودا مىنىستىرلىقىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە سودا ئىشلىرى كاتىپى كېمى بادېنوچتىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەشتىكى مەغلۇبىيىتىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

ئۇ كېمى بادېنوچقا يازغان خېتىدە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ئەنگلىيەگە پاختا ئىمپورت قىلىشنى چەكلىيەلمىگەنلىكى ياكى باشقا ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شەرقىي تۈركىستان پاختىسىنىڭ ئەنگلىيە ئىستېمالچىلىرىغا سېتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئوتارباينىڭ ئادۋوكاتىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك ۋاستىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەشنى رەت قىلسا، ئوتارباي لوندون يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىدىكەن.

ئوتارباي 2017-يىلى كېسەل دادىسىنى يوقلاش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا بارغاندىن كېيىن، خىتاي ساقچىلىرى ئۇنىڭ پاسپورتىنى مۇسادىرە قىلىپ تۇتقۇن قىلغان. ئۇ 2017-يىلى 8-ئايدىن 2019-يىلى 5-ئايغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى مەلۇم جازا لاگېرىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان بولۇپ، بىر كېيىم-كېچەك زاۋۇتىدا ئىشلەشكە مەجبۇرلانغان.

ئوتارباي مۇخبىرغا: «مەن مەجبۇرىي ئەمگەكنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈردۇم، قازاقىستانغا قويۇپ

بېرىلىشتىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر كېيىم-كېچەك زاۋۇتىدا ئىش ھەققى بېرىلمەي مەجبۇرىي ئىشقا سېلىندىم» دېگەن.

ئوتارباي 2019-يىلى جازا لاگېرىدىن قۇتۇلۇپ قازاقىستانغا قايتىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئوتارباينىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە نۇرغۇن تۇغقانلىرى ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاندا ئىكەن.




17-ئۆكتەبىر ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپى، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە نورۋېگىيەدىكى باشقا يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىشىشىدا نورۋېگىيە پارلامېنتىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى ئېچىلدى.

يىغىنغا نورۋېگىيە پارلامېنت ئەزالىرى، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، جازا لاگېر شاھىتلىرى ۋە نورۋېگىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بولۇپ كۆپلىگەن كىشى قاتناشتى.

گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىدا ئالدى بىلەن يېشىللار پارتىيەسى باياناتچىسى ھانسون راسمۇس ئەپەندى، لىبېرال پارتىيەسى رەئىسى مەلبىي گۇرى خانىم، خىرىستىيان دېموكرات پارتىيەسى باش ۋەكىلى ئۇلستېين داگ ئىنگ، نورۋېگىيە پارلامېنتى دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ئاندرېس سجالگ ئاننېلەند قاتارلىقلار ئايرىم ئايرىم سۆز قىلدى.

ئارقىدىن نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىدىن ئادىلجان ئابدۇرېھىم بۈگۈنكى گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، مۇئەتتەر ئىلقۇت خانىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە داۋام قىلغان ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا بۇلتۇر لوندوندا تەشكىللەنگەن ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ رەئىسى جېفرى نايس ئەپەندى سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىنىپ بولغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى ۋە نورۋېگىيە ھۆكۈمىتىنى بۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى.

ئارقىدىن لاگېر شاھىتلىرىدىن سايراگۇل ساۋۇتباي، ئۆمەر بېكالى، گۇلباھار خاتىۋاجى ۋە قەلبىنۇر سىدىق خانىملار خىتاي

رىجىمىنىڭ بىۋاسىتە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار بولۇش سۈپىتى ئايرىم ئايرىم ھالدا گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۆزلىرى ۋە جازا لاگېرىدىكى ئۇيغۇرلار باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق ھادىسىلەرنى سۆزلەپ ئۆتتى ۋە خىتاينىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي جىنايەتلىرىدىن ھېساب سورىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەشتى.

ئارقىدىن گېرمانىيەلىك ئۇيغۇر مەسىلىلىرى تەتقىقاتچىسى ۋە خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا زور تۆھپە ياراتقان ئادرىيان زېنز ئەپەندى يىغىنغا سىنلىق قاتنىشىپ سۆز قىلدى.

ئارقىدىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە خىتاينىڭ جىنايەتلىرى ھەققىدە سۆز قىلدى.

چۈشتىن كېيىن پارلامېنت ئەزالىرى ۋە لاگېر شاھىتلىرى پارلامېنت بىناسىدىن چىقىپ، نورۋېگىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىپ، بۇ يىغىننى قوللاپ نامايىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئايرىم سۆز قىلدى.




ئامېرىكىنىڭ بىر كېڭەش پالاتا ئەزاسى شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرى ئۈچۈن ئۇنى جازالاش تەكلىپى سۇندى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 22-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان كېڭەش پالاتا ئەزاسى جوش خاۋلېي شى جىنپىڭ ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تۈرغۇزۇپ جازالاش ھەققىدە يېڭى قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ تەكلىپتە يەنە: «بىز شى جىنپىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى تۈرۈش جىنايىتى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، كېڭەش پالاتا ئەزاسى خاۋلېي 20-ئۆكتەبىر ئېلان قىلغان يازما باياناتىدا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «شىنجاڭدىكى

ۋەھشىي جىنايىتى ئۈچۈن شى جىنپىڭنى جازالاش قانۇنى» ناملىق قانۇن لايىھەسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سېكرېتارى شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايى ھەرىكەتكە قاتناشقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ قانۇن لايىھەسىدە شى جىنپىڭ ۋە خىتاينىڭ باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى قىلغان جىنايەتلىرى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلىشى تەلەپ قىلىنغان.

خاۋلېي باياناتىنىڭ داۋامىدا يەنە: «بىز كۆرۈپ تۇرۇپ كۆزىمىزنى يۇمۇۋالالمايمىز، بىز چوقۇم شى جىنپىڭ ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايى جاۋابكارلىقىغا مەسئۇل قىلىشىمىز كېرەك، بىز ئالدى بىلەن ئۇلارنى ~~شىنجاڭ~~دىكى (شەرقىي تۈركىستاندىكى) ۋەھشىيلىكى ئۈچۈن ھەقىقىي بەدەل تۆلەتكۈزۈشىمىز لازىم» دېگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، بۇ قانۇن لايىھەسى تەستىقتىن ئۆتۈپ قالسا، شى جىنپىڭ ۋە باشقا خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى توڭلىتىش ۋە ئامېرىكىغا كىرىشنى چەكلەش قاتارلىق جازالار يولغا قويۇلىدىكەن. بۇ قانۇن لايىھەسى يەنە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئامېرىكا دۆلەتلىك ئىستىخبارات ئەمەلدارى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا چېتىشلىق خىتاي ئەمەلدارلىرىنى ئېنىقلاپ قەرەللىك دوكلات سۇنۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان.




خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 20-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 22-ئۆكتەبىر ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئاخىرقى كۈنى يىغىن زالىدا يۈز بەرگەن بىر قىسىم ۋەقەلەر خەلقئارادا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 20-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى يەنە بىر نۆۋەتلىك ھوقۇقنى ئىگىلىگەن شى جىنپىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 22-ئۆكتەبىر ئاخىرلاشقان بولۇپ، خىتاي مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك 205 ئەزاسىغا شى جىنپىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ ھەممىسى كىرەلىگەن. لى

كېچىياڭ ۋە ۋاڭ ياڭ بولسا سەپتىن چۈشۈپ قالغان.

يىغىنىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە خىتاي رېجىمىنىڭ بۇرۇنقى رەئىسى خۇ جىنتاۋ سەھنىدىن مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، خەلقئارادا غۇلغۇلا قوزغىدى. بۇ ھەقتىكى سىندا كۆرسىتىلىشىچە، نامەلۇم ئىككى خىزمەتچى خادىم كېلىپ شى جىنپىڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان خۇ جىنتاۋنى سەھنىدىن ئېلىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان. خۇ جىنتاۋ ئايرىلىشنى خالىماي تارتىشىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىرىدا خىزمەتچى خادىملار تەرىپىدىن ئاستا ئېلىپ مېڭىلغان. ئۇنىڭ ئايرىلىشتىن بۇرۇن شى جىنپىڭغا بىر-ئىككى ئېغىز سۆز قىلغانلىقى ۋە لى كېچىياڭنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويغانلىقى سىنغا ئېنىق چىقىپ قالغان.

نۆۋەتتە خەلقئارالىق تاراتقۇلاردا ۋە ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە بۇ توغرۇلۇق تۈرلۈك پەرەزلەر ۋە تەھلىللەر ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.




خىتاينىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىشىكنى تېشىدىن تاقاپ ئاچ قويۇش، داۋالىماي تاشلاپ قويۇش قىلمىشى داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئاشكارىلانغان سىنلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمى ئۇيغۇرلارنى نامەلۇم «ئايرىپ كۆزىتىش ئورۇنلىرى»غا كوللېكتىپ قاماشنى داۋاملاشتۇرغان.

23-ئۆكتەبىر ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان بىر سىندا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نامەلۇم بىر جايىدا ئۆيىدە بەخىرامان ئولتۇرغان بىر خىتاي ئاققۇن ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن ھەيران قالغان ھالدا، شۇ جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ، نامەلۇم بىر يەردىكى «كوللېكتىپ ئايرىپ كۆزىتىش مەركىزى»گە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان.

سىندا مەزكۇر خىتاي ئەتراپى سىم تور بىلەن ئورالغان، نامەلۇم ئورۇنغا ئادەم توشۇغان ئۈچ ئاپتوبۇسنى كۆرسىتىپ، كارانتىن مەركىزىگە يەنە ئۈچ ئاپتوبۇس ئادەم ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى، بۇ ئاپتوبۇسلاردا لىق ئادەم بارلىقىنى، ئۈچ ئاپتوبۇستا

ئاز دېگەندە 100 ئادەم بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇ يەرگە جىددىي ئادەم توشۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

كۆزەتكۈچىلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقۇملىنىش ئەھۋالى ئالدىنقى كۈنلەردىكىگە قارىغاندا ئازلىغانلىقىنى بىراق خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «ئايرىپ كۆزىتىش مەركەزلىرى» دەپ ئاتالغان شەكلى ئۆزگەرگەن لاگېرلارغا ئۇيغۇرلارنى قاماشنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى سەۋەبلىك پۈتۈن دۇنيانىڭ قاتتىق بېسىمىغا ۋە جازاسىغا ئۇچراۋاتقان خىتاينىڭ نۆۋەتتە ئۇيغۇر خەلقىنى ۋىرۇسنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ قىرغىن قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئاشكارىلىنىۋاتقان پۈتۈن سىنلاردا ئاشكارىلانغان ئاتالمىش «تەدبىرلەر»نىڭ ئەمەلىيەتتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن قىلچىلىك ئالاقىسى يوقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.




خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ھەسەنە تەشكىلاتىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى «خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى» يىغىنى بۇ يىل 9-، 10-نويابىر كۈنلىرى بېلگىيە پايتەختى بىريۇسسېلدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى 23- ۋە 24-ئۆكتەبىر كۈنلىرى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈلدى.

خەلقئارالىق ئۈچ چوڭ تەشكىلاتنىڭ ھەمكارلىقى ۋە شۇنداقلا باشقا بىر تۈركۈم قېرىنداش تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان «خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى»نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن گېرمانىيەگە يېتىپ بېرىپ، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇراھمان ئابدۇللاھ بىلەن بىرلىكتە ئۈچ تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

خەلقئارا جەمئىيەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايىتىگە قارشى نارازىلىق بارغانچە كۈچەيگەن بولۇپ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي كۈچكە ئايلانغان. «خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى»نىڭ مەقسىتى ئاللىبۇرۇن شەكىللەنگەن بۇ ئىجتىمائىي كۈچنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى توختىتىشقا

مەجبۇرلايدىغان كۈچ ھالىتىگە كەلتۈرۈش، شۇنداقلا قانداق قىلغاندا بۇ كۈچنى چېچىلاڭغۇ ھالەتتىكى كۈچ ئەمەس، بەلكى بىرلىككە كەلگەن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ قولىدىكى كۈچكە ئايلاندۇرۇش ئىكەن.

«خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى» خەلقئارالىق مۇھىم يىغىن بولۇپ، مۇنبەرنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ياۋروپا پارلامېنتىدىكى بەزى سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ ساھىبخانلىقىدا ياۋروپا پارلامېنتى زالىدا ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بۇ يىغىنغا خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىدىغان ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرى، سىياسىيونلار، قانۇنشۇناسلار، مۇتەخەسسىسلەر، ئادۋوكاتلار، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتنىشىدىغان بولۇپ، مۇنبەردە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىش ھەققىدىكى كونكرېت چارە-تەدبىرلەر مۇزاكىرە قىلىنىدىكەن.




كانادا پارلامېنتى 25-ئۆكتەبىر بىلەت تاشلاپ، ئۇيغۇرلارغا پاناھلىق بېرىش تەكلىپ لايىھەسىنى تەستىقلىدى

رۇسىيە سپاتنىك ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، كانادا پارلامېنتى 25-ئۆكتەبىر ئۇيغۇرلارغا پاناھلىق بېرىش تەكلىپى ھەققىدە بىلەت تاشلاپ، 0 گە قارشى 258 ئاۋازنىڭ قوللىشى بىلەن ماقۇللىغان. بۇ تەكلىپ لايىھەسى ئاۋام پالاتاسى كۆچمەنلەر كومىتېتىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان دوكلاتىنى قوللاش ئۈچۈن تەستىقلانغان بولۇپ، دوكلاتتا كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە ئىشىكنى ئېچىشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى پارلامېنت ئەزاسى گارنېت گېنۇئىس ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تەكلىپنى كانادادىكى ئۆكتىچى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى قوللىغان، ئەمما باش مىنىستىر جاستىن ترۇدونىڭ كابىنېتى ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن. جاستىن ترۇدونىڭ كابىنېتى 2021-يىلى 2-ئايدا كانادا ئاۋام پالاتاسى تۇنجى قېتىم خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتكەندىمۇ ئوخشاشلا ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنىدى.

كانادا 2020-يىلى تاموژنا قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلىگەن،

ئەمما ھازىرغىچە مەجبۇرىي ئەمگەك ۋاستىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى ئىسپاتلانغان بىر تۈركۈم تاۋارلارنى چەكلىمىگەن. بۇ قېتىمقى بىلەت تاشلاش كانادا پارلامېنتىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلارغا ئىشىك ئېچىشنى تەلەپ قىلىشى ئەمەس بولۇپ، 2019-يىلى ئاۋام پالاتاسى كىشىلىك ھوقۇق تارماق كومىتېتى دوكلات ئېلان قىلىپ، كانادا ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە يولۇققان ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە پاناھلىق بېرىشكە چاقىرغانىدى، ئەمما ھازىرغىچە ئەمەلگە ئاشمىغانىدى.




تۈركىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 19 دۆلەت ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلىنىۋاتقان خىتاينى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى بىلەن ھەمكارلىشىشقا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشقا چاقىردى.

ئانادولۇ ئاگېنتلىقىنىڭ 27-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا تۈركىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى دائىمىي ۋەكىلى فېرىدۇن سىنىرلىئوغلى ئەپەندى ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە سۆز قىلغان. مەزكۇر يىغىنغا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ قاتناشقان.

فېرىدۇن سىنىرلىئوغلى ئەپەندى سۆزىدە ب د ت نىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدىكى دوكلاتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە دىنىي ئەركىنلىكىنىڭ ئېغىر دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كىملىكىنىڭ تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىك ئىچىدە ياشىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ يىغىندا قىلغان سۆزىدە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلاپ قېلىشى كېرەكلىكىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇ ئىشلارغا بولغان ئەندىشىسى ۋە ئۈمىدىنى توختىماي ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

فېرىدۇن سىنىرلىئوغلى سۆزىدە: «بىز ~~شىنجاڭ~~ (شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇر تۈركلىرى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان سىستېمىلىق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە

پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلالمايمىز. خىتاينى ب د ت ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسى تەييارلىغان دوكلاتتىكى تەۋسىيەلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتىمىز. تارىخ دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ياكى دۇنياۋى ئارزۇسىغا قاراپ ھۆكۈم قىلمايدۇ. بەلكى دۆلەتلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئاجىز كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىدۇ» دېگەن.

سىنىرلىئوغلى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، خىتاي بىلەن بولغان ئىككى تەرەپلىك سۆھبەتنى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.




خىتاينىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن ئائىلىگە قاماپ ئاچ قويۇش، داۋالىماي تاشلاپ قويۇش جىنايىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر زىيان يەتكۈزمەكتە. 20-ئۆكتەبىردىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ئازلىغان بولسىمۇ، بىراق خىتاي رېجىمى قاتتىق قامالنى يەنىلا بوشاتمىغان. 29-ئۆكتەبىر شەرقىي تۈركىستاندىن تارقالغان بىر قانچە سىندا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي رېجىمى نۆۋەتتە قاتتىق قامالدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىغان.

مەزكۇر سىنلاردا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي رېجىمى قامال مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىغان بولۇپ، چوڭلارغا خىتاي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان پەرزەنتلىرىدىن خىتاي تىلى ئۆگىنىشنى تاپىلىغان. باشقا بىر قانچە سىندا بالىلارنىڭ ئائىلىسىدە چوڭلارغا خىتاي تىلى ئۆگەتكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

كۆزەتكۈچىلەر ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنىڭ ۋەھشىيلىكتە ئۈچىغا چىققانلىقىنى، خەلقنى كوللېكتىپ ئايرىپ قاماش مەركەزلىرىگە قاماپ، داۋالىماي تاشلاپ قويۇپ قىرغىن قىلىش بىلەن بىرگە، ئائىلىدە ئاچلىقتا قىينىلىۋاتقان خەلقنى تېخىمۇ قىيناپ، ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# ئىستىقلال ئاۋازى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


باش مۇھەررىر ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

تەھرىر ي. قۇرۇم

لايىھەلىگۈچى ي. قۇرۇم

كارىكاتۇر رادۋا ئادىل

نەشر قىلغۇچى ئورۇن شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

نەشر تۈرى ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئادرېس Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2
Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

info@istiqlalmedia.com

www.istiqlalmedia.com www.istiqlalhaber.com

+90 553 895 19 33 +90 212 540 31 15

+90 541 797 77 00